## قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نىمە دەيدۇ؟

1. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى : «**رَّسُولَ ٱللَّهِ وَخَاتَمَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ**» (ئەھزاب سۈرىسى، 40- ئايەت) بايان قىلماقتا.

2. ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن ۋەھيي قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدە ئىنسان ئىكەنلىكىنى: «**إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٌ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ**» (كەھف سۈرىسى، 110- ئايەت) ئەسكەرتمەكتە.

3. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدىغان مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى: «**قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا**» (ئەئراف سۈرىسى، 157 - ئايەت).

4. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ قىيامەتكە قەدەر ئاللاھ تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغانلىقىنى: «**إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ**» (ھىجىر، 9 - ئايەت).

5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى يەتكۈزگۈچى، ئىزاھلىغۇچى ۋە قۇرئاننىڭ ئىخچام پىرىنسىپلىرىنى سۆزلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى: «**وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ**» (نەھل سۈرىسى، 44 - ئايەت) جاكارلىماقتا.

6. ئۇنىڭ قىيامەتكە قەدەر بارلىق ئىنسانىيەتكە رەھمەت ۋە ئادالەت بولۇپ كەلگەنلىكىنى : «**وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ**» (ئەنبىيا سۈرىسى، 107 - ئايەت).

7، ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ ھەممە ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ھەممىدىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى: «**وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٖ**» (قەلەم سۈرىسى، 4 - ئايەت). «<u>**وَعَلَّمَكَ مَا لَمۡ تَكُن تَعۡلَمُۚ**</u>» (نەجىم سۈرىسى، 5 - ئايەت).

8. ئۇنىڭ مۆمىنلەرگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىكەنلىكىنى: «**لَّقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ**» (ئەھزاب سۈرىسى، 21 - ئايەت).

9. ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى:«**مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ**»(نىسا سۈرىسى، 80 - ئايەت).

10. ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ ئاللاھنى سۆيۈشنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىنى: «**قُلۡ إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ**» (ئال ئىمران، 31 - ئايەت)

11. ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ ھىدايەت يولى ئىكەنلىكىنى :«**وَإِن تُطِيعُوهُ تَهۡتَدُواْۚ**» (نۇر سۈرىسى، 54 - ئايەت).

12. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئالدىغا باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى:«**يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ**»(ھوجۇرات،1-ئايەت)

13. ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە پەيغەمبەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى: «**مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ ٱللَّهِۚ**» (پەتىھ سۈرىسى، 29 - ئايەت).

14. ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەرگەن سالاھىيىتى بىلەن قانۇن چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى: «**يَأۡمُرُهُم بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَىٰهُمۡ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡخَبَٰٓئِثَ**» (ئەئراف سۈرىسى، 157 - ئايەت).

15. ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى چىققان ياكى ھۆرمەتسىزلىك قىلغان كىشىنى دوست تۇتۇشنىڭ ئىمان دەرىجىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى: «**لَّا تَجِدُ قَوۡمٗا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ يُوَآدُّونَ مَنۡ حَآدَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَوۡ كَانُوٓاْ ءَابَآءَهُمۡ أَوۡ أَبۡنَآءَهُمۡ أَوۡ إِخۡوَٰنَهُمۡ أَوۡ عَشِيرَتَهُمۡۚ**» (مۇجادىلە، 22- ئايەت).

16. ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلماسلىقنىڭ پۈتۈن ياخشى ئىشلارنى بىكار قىلىپ تاشلايدىغانلىقىنى: «**يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبۡطِلُوٓاْ أَعۡمَٰلَكُمۡ**» بايان قىلماقتا (مۇھەممەد سۈرىسى، 33 – ئايەت).

17. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك بىلەن دۆلەتنى بىرلەشتۈرگەنلىكىنى: «**وَأَنِ ٱحۡكُم بَيۡنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ**» (مائىدە سۈرىسى، 49 – ئايەت).

يەنە: «**يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنكُمۡۖ فَإِن تَنَٰزَعۡتُمۡ فِي شَيۡءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ**» (نىسا سۈرىسى، 59 - ئايەت)

18. ئۇنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغانلىقىنى: «**لَقَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ عَزِيزٌ عَلَيۡهِ مَا عَنِتُّمۡ حَرِيصٌ عَلَيۡكُم بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ رَءُوفٞ رَّحِيمٞ**» (تەۋبە سۈرىسى، 128 - ئايەت).

19. ئۇنىڭ خاتالاشمايدىغان مەسۇملۇقىنى ۋە مۇتلەق ھەقىقەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى: «**وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِ**» (مائىدە سۈرىسى، 67- ئايەت). «**وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ إِنۡ هُوَ إِلَّا وَحۡيٞ يُوحَىٰ**» (نەجىم سۈرىسى، 3 - ئايەت).

20. ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادى، جېنى، ئەقلى، ئىززەت-ئابرۇيى، مال -مۈلۈكى، ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن دەۋەت ئىكەنلىكىنى: «**إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ**» (نەھل سۈرىسى، 90 – ئايەت) دەپ ئېنىق ئاشكارا جاكارلىغان.

دېمەك، سۈننەت ئىنكارچىلىرى بۇ مەزمۇندىكى نۇرغۇن ئايەتلەرگە ئىمان ئېيتمايدۇ، ئەمەل قىلمايدۇ ۋە ئۇ ئايەتلەرنىڭ روشەن كۆرسەتمىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. **شۇڭا، بۇلار قۇرئانچىلار ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە سۈننەتنى تەڭ ئىنكار قىلغۇچىلار، ئازغۇندۇر، زىندىقلاردۇر ۋە يېڭى شەكىلدىكى ئاتېئىزمچىلاردۇر.**